قارىقات: كىچىك ياۋا مېۋىدىن «قارا مەرۋايىت»قىچە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاغ ئېچىدىكى ياۋا مېۋىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

بولۇق ئۆسكەن شاخ ـ يوپۇرماقلارنى قايرىۋېدى، دانە ـ دانە قارا مەرۋايىتتەك قارىقاتلار كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ تۇرغۇن يېزىسى بەيگە تۆبە كەنتىدىكى قارىقات ئۆستۈرگۈچى باغىس ئاۋغانباي 20دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ قارىقات ئۆستۈرۈش بازىسىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

«كىچىك چېغىمىزدا قارىقاتنى ئېيىق يەيدىغان مېۋە دەيتتۇق، تاغ ئېچىدىكى يايلاقلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە بار ئىدى، تەمى چۈچۈمەل بولغاچقا، ئۈزۈپ كېلىپ قايىنىتىپ مۇراببا قىلاتتۇق، بۇ، تاماق ئۈستەلىمىزدىكى كەم بولسا بولمايدىغان يېمەكلىك بولۇپ، ناھايىتى يېيىشلىك ئىدى» دېدى باغىس مۇخبىرغا تونۇشتۇرۇپ.

2009 ـ يىلى ئەتىيازدا، دۆلەتنىڭ تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، كۆكتوقاي ناھىيەسى قارىقات ئۆستۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە كېڭەيتتى. باغىس ئەڭ دەسلەپتە قارىقاتنى سىناق قىلىپ تىككەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى بىر مو يەرگە 100 تۈپ قارىقات تىكتى.

«ناھىيە قارىقات كۆچىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، كۆچەت تىكىشتىن ئېتىز پەرۋىشىگىچە مۇتەخەسسىسلەر يېتەكچىلىك قىلدى». باغىس مۇنداق دېدى: 3 ـ يىلىغا كەلگەندە، قارىقات تۆكمە مېۋىلەش مەزگىلىگە كىردى، مەن بۇ پەسىلدە 500 كىلوگرامغا يېقىن مېۋە يىغىپ، 8000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدىم.

تۇنجى تۈركۈمدە قارىقات ئۆستۈرگەن ئائىلىلەرنىڭ پايدا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، بارغانسېرى كۆپ دېھقان سىناپ بېقىشقا ئالدىرىدى. كۆكتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت دەرھال چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، 2012 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيەدە قارىقات ئۆستۈرۈشنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

كۆكتوقاي ناھىيەسى بىر قاتار ئېتىبار سىياسەتلەرنى چىقاردى: قارىقات ئۆستۈرۈش شارائىتىنى ھازىرلىغان يەرلەرنى ھەقسىز كۆچەت بىلەن تەمىنلەش؛ مەركەزلىك تۇتاش ئۆستۈرۈش كۆلىمى 50 مودىن ئاشقانلارنى ھەقسىز قاشا بىلەن تەمىنلەش؛ 2010 ـ يىلدىن 2013 ـ يىلغىچە تىكىلگەن قارىقاتنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 85%كە يەتكۈزگەن قارىقات ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىگە ھەر مو يەرگە 300 يۈەندىن ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش قاتارلىقلار.

باغىس ئېتىبار سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، 134 مو يەرنى تۈزلەپ قارىقات تىكتى، يەنە 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەملەپ، يەرنى مۇنبەتلەشتۈرۈش، سۇ، توك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى.

ھازىر، پۈتۈن ناھىيە بويىچە قارىقات تېرىلغۇ كۆلىمى 26 مىڭ مودىن ئېشىپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1200 توننىغا يەتتى.

سۈپەتلىك ماركا قارىقات ئۆستۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتتى

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ گېبى گوشياڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ شىرنە چىقىرىش سېخىدا، يەللىك سىقىش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات ئاۋازىغا ئەگىشىپ، دانە ـ دانە توق قارىقاتلار كۆكۈش سۆسۈن رەڭلىك مېۋە شەربىتىگە ئايلاندى.

«قارىقات ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بىر خىل شىرنىلىك كىچىك مېۋە بولۇپ، تەركىبىدە ۋىتامىن C، سىيانىدىن مول، چىش مىلىكىنى، جىگەرنى ئاسراپ، قېرىشنى كېچىكتۈرىدۇ...». شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: شىركەت دەل كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى سۈپەتلىك قارىقاتنى كۆزدە تۇتۇپ، 2014 ـ يىلى رەسمىي تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى.

نۆۋەتتە، شىركەت ئېچكىرى رايونلاردىكى تەتقىقات تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قارىقات قېقى، مېۋە تورتى، مېۋە قىيامى، ئىچىملىك ۋە مېۋە چېيى قاتارلىق ئون نەچچە خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقاردى ھەم «گېبى گوشياڭ» سۈپەتلىك ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، «شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسى بويىچە، ھەر يىلى بازار باھاسىدىن تۆۋەن بولمىغان تولۇق كاپالەتلىك باھادا قارىقاتنى سېتىۋېلىپ، ھەم كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك خام ئەشياغا كاپالەتلىك قىلدى، ھەم قارىقات ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىنىڭ سېتىش يولى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

باغىس ھېسابلاپ كۆردى، بۇ يىل ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قارىقات ھوسۇلى 25 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 350 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، باغىسقا ئوخشاش قارىقات كەسپىدىن مەنپەئەتلەنگەن قارىقات ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. «گېبى گوشياڭ» بەلگىسى بېسىلغان تۈرلۈك قارىقات مەھسۇلاتلىرى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ سودا ساراي، تاللا بازارلىرىغا كىرىپ، تېز سۈرئەتتە سۈپەتلىك ماركا بولۇپ تونۇلۇپ، بارغانسېرى كۆپ دېھقان ئائىلىلىرىنى قارىقات ئۆستۈرۈشكە جەلپ قىلدى.

سېتىش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، بۇ يىل 5 ـ ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتى «جىڭيۇ لۇماما» گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۇنجى قېتىم يەرلىك ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يەرلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توردا مەركەزلىك سېتىشنى قانات يايدۇردى. ئىككى كۈنلۈك بىۋاستە كۆرسىتىش پائالىيىتىدە، كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ قارىقات خاس مېۋە تورت مەھسۇلاتى بىر يولىلا سېتىلىپ بولدى.

كوللېكتىپ تەرەققىي قىلىش رىقابەت كۈچىنى ئاشۇردى

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، باغىس بىر مىنۇتمۇ بىكار بولالمىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن قارىقات ئۈزۈش بىلەن ئالدىراش بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قارىقاتلىرىنى سېتىۋالدى.

«بۈگۈنكى كۈندە، پۈتكۈل تۇرغۇن يېزىسىدىكى 1500 مو قارىقاتنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇ كوپېراتىپىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشى، بىرتۇتاش سېتىۋېلىشى، بىرتۇتاش سېتىشىغا تايىنىدۇ. ھازىر ھەممىسى يىغىۋېلىنىپ بولدى ھەم يەرلىك كارخانىلارغا سېتىلدى» دېدى باغىس.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى توغرىسىدا باغىس چوڭقۇر تەسراتقا ئىگە.

2017 ـ يىلى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، باغىس كەنتتىكى بىر قانچە قارىقات ئۆستۈرۈش ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە قارىقات كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى.

«ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى ئەڭ دەسلەپكى ئالتە ئائىلىدىن ھازىرقى 30دىن ئارتۇق ئائىلىگە كۆپەيدى، قارىقات ئۆستۈرۈش كۆلىمىمۇ دەسلەپكى 300 مودىن ھازىرقى 1500 موغا كېڭەيدى» دېدى باغىس.

كەنت ئاھالىسى ئوراز قادىر ئائىلىسىدىكى تۆت جان ئۇزاقتىن بۇيان ئاق ئاشپۇرچاق تېرىپ ئائىلىسىنى قامداپ كەلگەنىدى. ئۇ 2018 ـ يىلى 15 مو تېرىلغۇ يېرىنىڭ ھەممىسىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قارىقات ئۆستۈرۈشىگە ئوبوروت قىلىپ بەردى، ئۆزىمۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرىپ ئىشلىدى. ھازىر، ئۇ ھەر يىلى يەر ئوبوروت پۇلى ۋە قارىقات پەرۋىش قىلىش پۇلى ئالالايدۇ، بۇلتۇر 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

«مېنىڭ ھازىرقى ئارزۇيۇم بۇ كىچىككىنە شىرنىلىك مېۋە ئارقىلىق ئەتراپىمدىكى دېھقان قېرىنداشلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يانچۇقىنى تومپايتىش، داڭلىق كۆكتوقاي قارىقات ماركىسىنى يارىتىش» دېدى باغىس.

ئىگىلىنىشچە، قارىقات ئۆستۈرۈش ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كۆكتوقاي ناھىيەسى قارىقات كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن جەمئىي 13نى قۇرغان.

11 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، قارىقات تاغ جىلغىسىدىكى ياۋا مېۋىدىن خاس مەھسۇلاتقا ئايلاندى. كۆكتوقاي ناھىيەسى 2021 ـ يىلىغا بارغاندا مەركەزلىك تۇتاش قارىقات ئۆستۈرۈش كۆلىمىنى 30 مىڭ موغا كېڭەيتىپ، يىلىغا 1500 توننا ھوسۇل ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ قارىقاتقا تايىنىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى نۆۋەتچى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. لىيۇ رۇڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مەن 80 نەچچە ياشقا كىرگەن ئانام ۋە تۆت ياشلىق نەۋرە قىزىمنى ئېلىپ كەلدىم، يول بويى خىزمەتچى خادىملار بىزنىڭ ھالىمىزدىن ياخشى خەۋەر ئالدى، مۇلازىمەت پوزىتسىيەسى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. شىنجاڭ ياخشى جاي، بىز شىنجاڭدا كۆپرەك ئوينايمىز.

«بىز ساياھەتچىلەرگە ماسكا، قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى تەييارلىدۇق، تاماق جەھەتتە بىز پولۇ، لەغمەن قاتارلىق شىنجاڭنىڭ خاس ئېسىل تاماقلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئايرىپ غىزالىنىشنى يولغا قويدۇق.» شىنجاڭ كاڭخۇي تەبىئەت خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ خىزمەتچىسى جاڭ شيۇلىيەنىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شۇ كۈنى ساياھەت كوپېراتىپى ساياھەتچىلەرنى بوغدا كۆلى قاتارلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ساياھەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، كېيىن قاناس قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرىغا ئاپىرىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن 2881 ساياھەتچىنى كۈتۈۋالغان.

فۇكاڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تيانشان بوغدا كۆلى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر چېڭ شياۋفېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى ساياھەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ يۇقۇمدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىش يېڭى ئېھتىياجىغا قارىتا زاكازلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويۇپ، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش، چېنىقىش، خاتىرجەم ساياھەت قىلىش لايىھەلىرىنى ئېچىپ، ساياھەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېز ئالغا سىلجىتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

داشىخەيزى سۇ ئامبىرىدىكى كەلكۈن چۈشۈرگىسى ۋە يېڭى سۇ قويۇپ بېرىش چۈشۈرگىسىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ، ئەگرى ـ بۈگرى دەريا قېنىنى بويلاپ، تۆۋەن ئېقىندىكى يېشىل كارىدورغا قاراپ ئاقتى. بۇ يەنە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 21 ـ قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىنجاڭ تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى غول ئېقىننى باشقۇرۇش ئىدارىسى داشىخەيزى سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى شۈ شېڭۋۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، بۇ قېتىمقى ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشتە ئۆتتۈشمە شەكىللىك قويۇپ بېرىش قوللىنىلىپ، سۇ ئامبىرىدا ۋاقىتنچە سۇ ساقلانماي، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش نەتىجە ـ ئۈنۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، 2000 ـ يىلدىن باشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 20 قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈلگەن. ھازىرغا قەدەر، داشىخەيزى سۇ ئامبىرىدىن جەمئىي 8 مىليارد 160 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيەلىك سۇ تۆۋەنگە قويۇپ بېرىلگەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىسىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىسى 816، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 236 بولۇپ، جەمئىي 1052.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مەسىلىلىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتىگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

گۈلباھار جالىمغازى:

تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى چىڭ ساقلايمەن

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جەزىرە نىسىپبېك

«ھازىر ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قازاقىستاننىڭ 120 نەچچە يۈك ئاپتوموبىلى دۆلەت چېگراسىدىن ئۆتۈپ پىرىتسىپ ئالماشتۇرۇپ توشۇش رايونىغا كىرىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ 100 تاۋار ماشىنىسى دۆلەت چېگراسىدىن ئۆتىدۇ، بىر ـ بىرلەپ كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللار ۋە يۈكنى تەكشۈرۈپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مېنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىم، ئازراقمۇ بوشىشىپ قېلىشقا بولمايدۇ» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قورغاس پورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۈلباھار جالىمغازى.

42 ياشلىق گۈلباھار تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا ئىلتىماس قىلىپ، تاشيول پورتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، بىرىنچى ۋاقىتتا جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش كىچىك شۆبە ئەترىتىنى تەشكىللىدى، كۈندۈزدە نورمال تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشتىن تارتىپ كەچتىكى «تاق، قوش ئىسمېنا» ئەندىزىسى بويىچە دېجورنىلىق قىلىشقىچە، ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ ئالدىراش سىيماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش ـ كىرىش رەسمىيىتىنى ماسلاشتۇرۇشتىن باشقا، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە دۆلەت ئۈچۈن «دەرۋازا»نى چىڭ ساقلاش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى.

«قورغاس پورتى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق سودا پورتى بولۇش سۈپىتىدە، يۈك ئوبوروتى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت قوش ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى» دېدى گۈلباھار.

پايدىلانغۇدەك تەجرىبە بولمىغانلىقتىن، گۈلباھار لايىھەگە ئۈزلۈكسىز تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى قوغدىغۇچىلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئالدى. بۇ مەزگىلدە، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن «تاشيول پورتىنىڭ يولۇچىلارنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى باشقۇرۇش چارىسى» «چېگرا سىرتىدىكى يۈك ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش ـ كونترول قىلىش تەرتىپى» «نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان يۈك مەيدانىنى باشقۇرۇش ـ كونترول قىلىش تەدبىرى» «پورتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسى» قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك چارە، تەرتىپلەرنى تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە «چېگرا كۆۋرۈكىدە تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرۇۋېلىش ئەندىزىسى» «پىرىتسىپ ئالماشتۇرۇپ توشۇش ئەندىزىسى» يۈكنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈنۈمىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرىنى تۆۋەنلەتتى.

يۇقۇم مەزگىلىدە جۇڭگو تەرەپنىڭ تاموژنا نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان ھەرقايسى يۈك مەيدانلىرىدا تۇرۇپ قالغان پاختا يىغىش ماشىنىسى، قىزىش ماشىنىسى قاتارلىق تاۋار ماشىنىلار تاموژنىدا رويخەتكە ئالدۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپنىڭ شوپۇرلىرى ماشىنىلارنى دۆلەت دەرۋازىسىغا ھەيدەپ كەلگەندە، تاموژنا شوپۇرلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدۇ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرىدۇ، ئاپتوموبىللار سكانېرلانغاندىن كېيىن قازاقىستان تەرەپنىڭ شوپۇرلىرى ھەيدەپ كېتىدۇ. بۇ خىل «چېگرا كۆۋرۈكىدە تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرۇۋېلىش ئەندىزىسى» خادىملارنىڭ ئۇچراشماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تاۋار ماشىنىلارنىڭ تاموژنىدىن نورمال ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

«پىرىتسىپ ئالماشتۇرۇپ توشۇش ئەندىزىسى» تاموژنىدىن كىرگەن يۈك ئاپتوموبىللىرى بىلەن شوپۇرلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. قازاقىستان تەرەپنىڭ يۈك ئاپتوموبىللىرى چېگرا تەكشۈرۈشى ۋە تاموژنا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن 600 مو كېلىدىغان پىرىتسىپ ئالماشتۇرۇپ توشۇش رايونىغا كىرىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ خادىملىرى ئاپتوموبىلنىڭ بېشىنى ئالماشتۇرۇش شەكلىدە پىرىتسىپنى ئېلىپ كېتىدۇ، قازاقىستان تەرەپنىڭ شوپۇرلىرى جۇڭگو تەرەپتىكى رايوندا ئۇچراشماي 20 نەچچە مىنۇت تۇرۇپلا قايتىپ كېتەلەيدۇ.

«بىز دەسلەپكى مەزگىلدە چېگرا تەكشۈرۈشى، تاموژنا ۋە كارخانىلارنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق، ئوتتۇرىغا قويغان چارىلەر ھەم كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى، ھەم چېگرا تەكشۈرۈشى ۋە تاموژنىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن رامكا دائىرىسىدە تەرتىپلەرنى ئىمكانقەدەر ئاددىيلاشتۇردى» دېدى گۈلباھار.

بۇ باشقۇرۇش چارىلىرى ھەربىر ئاپتوموبىلنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش ۋاقتىنى 30 مىنۇت ئەتراپىدا تېجەپ، قورغاس پورتىنىڭ تىجارەت ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

ھەر كۈنى تۇنجى يۈك ئاپتوموبىلى تاموژنىدىن ئۆتكەندىن باشلاپ، گۈلباھار چېگرا تەكشۈرۈشى ۋە تاموژنىدا سائەتكە قاراپ ۋاقىت ھېسابلاپ، ئاپتوموبىللارنىڭ تۇرۇپ قېلىش سەۋەبىنى تېپىپ ھەم دەرھال لايىھەنى ئەلالاشتۇردى. گۈلباھار مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشتىن تارتىپ ئاپتوموبىللارنىڭ بېشىنى ئالماشتۇرۇش، يۈك قاچىلاش ـ چۈشۈرۈشكىچە، يەنە ئاپتوموبىللار مېڭىپ كەتكىچە بولغان تەرتىپلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈردى، بىردەمدىلا پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۈمۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن ۋايساپ باقمىدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، گۈلباھار بالدۇر كېلىپ كەچ قايتىپ ئىش ئورنىدا ئالدىراش يۈردى. «يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، پورتنىڭ نورمال تىجارىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چېگرا تەكشۈرۈشى، تاموژنا، كارخانىلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن ئەجىر قىلدى. پورت باشقۇرۇش خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مىخ قېقىش روھى بىلەن ئىش ئورنۇمدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى چىڭ ساقلاپ، پورتنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرىمەن» دېدى گۈلباھار.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)